## 23ـ مۇناجات

داۋۇت يازغان مۇناجات

1 قويچىمدۇر پەرۋەردىگار، باقار ئۇ مېنى،
كۆرمەسمەن شۇڭا مەن ھېچ موھتاجلىقنى.
2 يايلىتار ئۇ مېنى ياپيېشىل يايلاقلاردا،
باشلاپ بارار شىلدىرلىغان سۇلار بويىغا.
3 ئۇرغۇتار روھىمنى كۈچ-قۇۋۋەت بېرىپ ماڭا،
شەرىپى ئۈچۈن باشلار مېنى ھەققانىيەت يولىدا.
4 ئۆتسەممۇ گەر ئۆلۈم سايە تاشلاپ تۇرغان جىلغىلاردىن،
ئۆزۈڭ ماڭا يار بولغاچ قورقماسمەن خەتەرلەردىن،
ھاساڭ بىلەن تايىقىڭ خالاس قىلار تەشۋىشلەردىن.

5 دۈشمەنلىرىم ئالدىدا داستىخان سېلىپ ماڭا،
ئەزىزلەپ مېنى ياغ سۈركەرسەن بېشىمغا،[*]
بەخت شارابىم تولۇپ تاشار ھايات جامىمغا.
6 بەرھەق، شاپائەت ۋە مەڭگۈلۈك مۇھەببىتىڭ،
ھەمراھ بولار ئۆمۈرۋايەت ياندىشىپ ماڭا،
مەڭگۈ ياشايمەن پەرۋەردىگار ھۇزۇرۇڭدا.

---

[*]بېشىغا ياغ سۈركەش ــ ئەينى زاماندا ساھىبخان ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋالغاندا ئۇنىڭ بېشىغا خۇش پۇراقلىق ياغ سۈركەش بىلەن چوڭقۇر ھۆرمىتىنى بىلدۈرەتتى.